# 49006 ـ ئۈچ مەسچىتتىن باشقا جايدا ئېتىكاپ قىلىشقا بولمايدۇ دېگەن ھەدىس توغرىسىدا

## سۇئال

مەن ھەرەم مەسچىتى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەسچىتى ۋە پەلەستىندىكى ئەقسا مەسچىتىدىن ئىبارەت ئۈچ مەسچىتتىن باشقا مەسچىتتە ئېتىكاپ قىلسا بولمايدۇ دېگەن مەزمۇندىكى بىر ھەدىسنى ئاڭلىدىم، بۇ ھەدىس سەھىمۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت–سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: سۇئال سورىغۇچى قېرىنداشىم سورىغان ھەدىسنى ئىمام بەيھەقىي (4/315) رەھىمەھۇللاھ ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلغان بولۇپ، ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: "سېنىڭ ئۆيۈڭ بىلەن ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىسىدا (يەنى مەسچىتتە) ئېتىكاپ قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈم، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:ئۈچ مەسچىتتىن باشقا مەسچىتتە ئېتىكاپ قىلىش توغرا بولمايدۇ يەنى ھەرەم مەسچىتى، قاتارلىقلار دېگەنلىكىنى بىلىمەندەيدۇ، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: ئېھتىمال سەن ئۇنتۇپ قالغان بولۇشىڭ مۇمكىن، ئۇلار ئىسىدە تۇتقان، سەن خاتالاشقان، ئۇلار توغرا قىلغان بولۇشى مۇمكىن دېدى. [بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 2876–ھەدىستە كەلتۈرگەن].

ئىككىنچى: كۆپچىلىك ئالىملار بۇ مەسىلىگە قارىتا، ئېتىكاپنى ئۈچ مەسچىتنىڭ بىرىدە قىلىش شەرت قىلىنمايدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَلَا تُبَاشِرُوهُنَّ وَأَنْتُمْ عَاكِفُونَ فِي الْمَسَاجِدِتەرجىمىسى: سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا (كۈندۈز بولسۇن كېچە بولسۇن)، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار.[سۈرە بەقەرە 187–ئايەت].

ئايەتتە بايان قىلىنغان مەسچىت دېگەن سۆز ئومۇمى سۆز بولۇپ، بۇ ھەممە مەسچىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەمما جامائەت توپلىشىپ ناماز ئوقۇمايدىغان مەسچىتتە، نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشى ۋاجىپ بولغان كىشىلەرنىڭ ئېتىكاپ قىلىشى توغرا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن 48985 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئىمام بۇخارى رەھىمەھۇللاھ ئايەتنىڭ ھەممە مەسچىتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ: "رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ۋە بارلىق مەسچىتلەردە ئېتىكاپ قىلىش توغرىسىدا" دەپ ئايرىم باب تۈرگۈزىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا

مۇنداق دەيدۇ: وَلا تُبَاشِرُوهُنَّ وَأَنْتُمْ عَاكِفُونَ فِي الْمَسَاجِدِ تِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ فَلا تَقْرَبُوهَا كَذَلِكَ يُبَيِّنُ اللَّهُ آيَاتِهِ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَّقُونَتەرجىمىسى: سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا كۆندۈز بولسۇن كېچە بولسۇن، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، ئەنە شۇلار ئاللاھ بەلگىلىگەن چېگرىلاردۇر (يەنى مەنئى قىلغان ئىشلاردۇر)، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار. كىشىلەرنىڭ هارام قىلىنغان ئىشلاردىن ساقلىنىشلىرى ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى ئۇلارغا مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ. [سۈرە بەقەرە 187-ئايەت].

ئىمام تاهاۋي رەھىمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ: "مۇشكىلىل ئاسار ناملىق ئەسىرى 4-توم 205-بېتىدە بايان قىلغىنىدەك، ئىنسانلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ هازىرغىچە ئۆز ئەتراپىدىكى مەسچىتلەردە ئېتىكاپ قىلىپ كەلمەكتە.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن: "هەرەم مەسچىتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتى ۋە پەلەستىنىدىكى ئەقسا مەسچىتىدە ئېتىكاپ قىلىشنىڭ هۆكمى؟ توغرىسىدا سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "هەرەم مەسچىتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتى ۋە پەلەستىنىدىكى ئەقسا مەسچىتى قاتارلىق ئۈچ مەسچىتتىن باشقا مەسچىتلەردە ئېتىكاپ قىلىشنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكى، ئېتىكاپ قىلىش پەقەت بۇ ئۈچ مەسچىتكىلا خاس بولماستىن بەلكى، بۇ ئۈچ مەسچىتتە ۋە باشقا بارلىق مەسچىتلەردە دۇرۇس بولىدۇ، بۇ ئىسلامدىكى مەشھۇر ئىماملارنىڭ ۋە ئىمام ئەبۇ هەنىپە، ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد ئىبنى هەنبەل قاتارلىق مەزھەپ پېشۋالىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدۇر. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَلا تُبَاشِرُوهُنَّ وَأَنْتُمْ عَاكِفُونَ فِي الْمَسَاجِدِ تِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ فَلا تَقْرَبُوهَا كَذَلِكَ يُبَيِّنُ اللَّهُ آيَاتِهِ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَّقُونَتەرجىمىسى: سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا كۆندۈز بولسۇن كېچە بولسۇن، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، ئەنە شۇلار ئاللاھ بەلگىلىگەن چېگرىلاردۇر (يەنى مەنئى قىلغان ئىشلاردۇر)، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار. كىشىلەرنىڭ هارام قىلىنغان ئىشلاردىن ساقلىنىشلىرى ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى ئۇلارغا مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ. [سۈرە بەقەرە 187-ئايەت].

ئايەتتىكى مەسچىت دېگەن سۆز زېمىندىكى بارلىق مەسچىتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ سۆز زېمىنىنىڭ هەر قايسى جايلىرىدىكى بارلىق ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن رامىزان روزىسىنىڭ هۆكمى تولۇق بايان قىلىنغان ئايەتنىڭ ئاخىرىدا كەلتۈرۈلدى، بۇ روزا تۇتۇشقا بۇيرۇلغان هەممە كىشىلەرگە قىلىنغان خىتاب بولۇپ، خىتاب قىلىنىش ۋە بايان قىلىنىش شەكلى بىر بولغان بۇ ئايەت، ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلدى: تِلْكَ حُدُودُ ٱللَّهِ فَلاَ تَقْرَبُوهَا كَذٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ آيَاتِهِ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَّقُونَتەرجىمىسى: ئەنە شۇلار ئاللاھ بەلگىلىگەن چېگرىلاردۇر (يەنى مەنئى قىلغان ئىشلاردۇر)، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار. كىشىلەرنىڭ هارام قىلىنغان ئىشلاردىن ساقلىنىشلىرى ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى ئۇلارغا مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ. [سۈرە بەقەرە 187-ئايەت].

ئاللاھ تائالا ئۈممەتكە خىتاب قىلغاندا، ئۈممەتنىڭ هەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالماستىن ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمىغا خىتاب قىلىشى ئەمەلىيەتتىن بەك يىراق، هۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان: ئۈچ مەسچىتتىن باشقا مەسچىتتە ئېتىكاپ قىلىشقا

بولمايدۇ دېگەن ھەدىس، سەھىھ بولغان تەقدىردە، ئۈچ مەسچىتتىنڭ باشقا مەسچىتلەردىن شەرەپلىك ۋە پەزىلەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۈچ مەسچىتتە قىلىنغان ئېتىكاپ ئەڭ مۇكەممەل ۋە تولۇق بولىدۇ دەپ باشقا مەسچىتلەردە قىلىنغان ئېتىكاپنىڭ كامىللىقىنى چەكلىگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر. بۇنداق قۇرۇلما ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇنىڭدا ئىشنىڭ سەھىھ بولىشى ۋە ھەقىقىتىنى چەكلەش ئەمەس بەلكى مۇكەممەل بولمايدىغانلىقىنى چەكلەشتىن ئىبارەت، بۇنىڭ مىسالى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: تائام ھازىر بولغاندا ناماز يوق دېگەن، بۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن ھەدىسلەر بايان قىلىنغان، چەكلىمە دېگەن ئەسلى شەرىئەتتە ياكى ئەمەلىيەتتە بىر نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى چەكلەشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەگەر بۇنىڭدىن چەكلەيدىغان ئىسپات تېپىلسا، ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە بايان قىلىنغاندەك، بۇ ھەدىسنى ئىللەتلەردىن خالى دېگەن ۋاقتىدا، شۇ كۆچكە ئىگە بولىدۇ. ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر. "رامىزان پەتىۋالىرى493 ـ بەت".

شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھدىن: ئۈچ مەسچىتتىن باشقا مەسچىتتە ئېتىكاپ قىلىشقا يوق دېگەن ھەدىس سەھىمۇ؟ ئەگەر ئۇ ھەدىس سەھىھ بولسا، ئۈچ مەسچىتتىن باشقا مەسچىتتە ئېتىكاپ قىلسا بولمامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "ئېتىكاپ ئۇ ئۈچ مەسچىتتىن باشقا مەسچىتلەردىمۇ دۇرۇس بولىدۇ، مۇھىمى جامائەت ناماز ئوقۇيدىغان مەسچىت بولىشى كېرەك، جامائەت توپلىشىپ ناماز ئوقۇلمايدىغان مەسچىت بولسا ئۇنىڭدا ئېتىكاپ قىلىش توغرا بولمايدۇ، ئەگەر بىر كىشى ئۈچ مەسچىتنىڭ بىرىدە ئېتىكاپ قىلىشنى ئۆزىگە لازىم تۇتقان بولسا، قىلغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن ئۇ ئۈچ مەسچىتنىڭ بىرىدە ئېتىكاپ قىلىشى كېرەك بولىدۇ". [شەيخ ئىبنى باز پەتىۋالار توپلىمى 15–توم 444–بەت]..

ئاللاھ ياخشىلىقتا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر